شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

# پۇقرالارنى تېخىمۇ ياخشى داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىلەندۈرۈش

## — جياڭسۇنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت يېتەكچىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى دىڭ چياڭ توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز خې لىڭ

«بىز چوقۇم ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، چېگرا رايوندا تېخنىكىدا پىشقان، مۇلازىمەتتە ئەلا بىر داۋالاش ئەترىتىنى تەربىيىلەپ بەرپا قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، چېگرا رايوندىكى پۇقرالارنى تېخىمۇ ياخشى داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىلەندۈرىمىز» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دىڭ چياڭ.

2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت يېتەكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىڭ چياڭ جياڭنەندىكى سۇ يۇرتىدىن قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدىغان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا كەلدى، ئۈچ يىللىق يېقىن ۋاقىتتا، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق چېگرا رايوندىكى پۇقرالارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

■ دوختۇرخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈش

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش كوللېكتىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قىزىلسۇ ئوبلاستىغا دەسلەپ كەلگەندە، دىڭ چياڭنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەنلا، دىڭ چياڭ ئېچكىرىدىكى جايلارنىڭ دوختۇرخانا باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئىدىيەسى، ئېچكىرىدىكى جايلارنىڭ بەزى ئىلغار ئۇسۇللىرىنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا قانداق «كۆچۈرۈپ كېلىش» قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلاندى.

بۇنىڭ ئۈچۈن دىڭ چياڭ ھەربىر بۆلۈمگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، داۋالاش خادىملىرى بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى… ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىر ئايدىن كېيىن، دىڭ چياڭ بەنزە ئەزالىرىنى يېتەكلەپ، مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىپ، ئىشنى دوختۇرخانا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان مەسىلىلەردىن باشلاپ، دوختۇرخانا خىزمىتى يىغىنى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاچتى.

«ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىپ، كۆپچىلىككە دوختۇرخانا خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق تەكلىپ بەرگۈزدۇق. بىرىنچى يىلى دوختۇرخانا جەمئىي 83 مەسىلىنى يىغىپ رەتلىدى، بۇ مەسىلىلەر ئۈنۈم تەقسىماتى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، پەنلەر قۇرۇلۇشى، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، مۇلازىمەت جەريانى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ» دېدى دىڭ چياڭ.

ئۆزگەرتىش، مەسىلىنى كۆزلەپ تۇرۇپ بىرمۇبىر ئۆزگەرتىش!

دىڭ چياڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دوختۇرخانىنىڭ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش تەنەررخى تۆۋەنلىدى، دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى ئاستا ـ ئاستا ھەرخىل ئوپېراتسىيەلەرنى قىلالايدىغان بولدى، ئاغرىقلارنىڭ سانى كۆپەيدى، داۋالاش، پەرۋىش قىلىش تەمناتى ئۆستى… ئۈچ يىللىق يېقىن تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ يىل ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر زور دەرىجىدە ئازايدى.

■ داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈش

ئىختىساسلىقلار ئىزچىل قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ كېلىۋاتقان بوغما ھالەت ئىدى.

«ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، جياڭسۇدىكى ئۆلكە باشقۇرىدىغان سەككىز دوختۇرخانا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن نىشانلىق ياردەم بېرىش، يۆلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

دىڭ چياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، دوختۇرخانا «قان بېرىش»تىن «قان ئىشلەش»كە ئۆزگىرىش تەپەككۇر يولى بويىچە، ئۇستازلار شاگىرت يېتەكلەش، ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىي 150تىن ئارتۇق شاگىرت بىلەن قوشماقلىشىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈردىن 65نى ئۆگەتكەن، 60 تۈرلۈكتىن ئارتۇق پەن تەتقىقات تېمىسىنى ئورتاق ئىلتىماس قىلغان، SCI ئىلمىي ماقالىسى بولماسلىقتەك خاتىمە بېرىلگەن، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۈرەك ـ كۆكرەك تاشقى كېسەللەر دوختۇرى قادىرجان مۇسا ئۆزى باش بولۇپ يۈرەك ئوپېراتسىيەسىدىن 20 نەچچىنى قىلغان، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى شۇ تېنباۋ مۇرەككەپ تاجسىمان تومۇرغا نەيچە كىرگۈزۈش ئوپېراتسىيەسى قىلالايدىغان بولغان.

2018 ـ يىلىلا، دىڭ چياڭ جياڭسۇدىكى مۇناسىۋەتلىك دوختۇرخانىلارنى ماسلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنى قىزىلسۇ ئوبلاستىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ ئۆگىتىش، ئوقۇتۇش ـ كېسەل ياتاقلىرىنى تەكشۈرۈش، كېسەل مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئوپېراتسىيەدە يېتەكلەپ ئۆگىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى 121 قېتىم قانات يايدۇردى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى 130دىن ئارتۇق كەسپىي خادىمنى جياڭسۇدىكى ئالىي قەدەر ئورۇنلارغا ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتتى.

2018 ـ يىلى، نەنجىڭ تېببىي داشۆسى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن مۇددىئا كېلىشىمى ئىمزالاپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ نەنجىڭ تېببىي داشۆسىگە بىۋاستە قاراشلىق بولمىغان قارماق دوختۇرخانا بولۇش خىزمىتىنى باشلىدى. بۇ يىل 7 ـ ئايدا نەنجىڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى.

2018 ـ يىلى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى يەنە نەنجىڭ تېببىي داشۆسى بىلەن بىرلىشىپ ئاسپىرانتلار تەتقىق قىلىش ـ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇزاقتىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ياش ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

■ قەلبلەرنى سۇغىرىش پىلانىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇش

قىزىلسۇ ئوبلاستى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان، تۇغما يۈرەك كېسىلى بۇ يەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللەرنىڭ بىرى.

بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كوللېكتىپى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا «قەلبلەرنى سۇغىرىش پىلانى» تۈرىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، يۈرەك كېسىلى ئاغرىقلىرىنى شۇ جايدا ئوپېراتسىيە قىلدى، ھازىر ئەينى چاغدىكى قىسمەن ھەقسىز داۋالاش پۈتۈنلەي ھەقسىز داۋالاشقا ئۆزگەردى.

ھازىرغا قەدەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش كوللېكتىپى يولغا قويغان «قەلبلەرنى سۇغىرىش پىلانى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 200دىن ئارتۇق ئائىلىگە ئىللىقلىق ۋە ئۈمىد يەتكۈزدى.

دۆلەتقارى «قەلبلەرنى سۇغىرىش پىلانى»دىن مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى. ئۇ قەھرىمانلىق تارىخىي داستانى ماناسنى ئېيتقۇچى سەنئەتكار، كۆپ يىللاردىن بۇيان، يۈرەك كېسىلى بار بولغاچقا، ئازراق ھەرىكەت قىلىپ قويسىلا ئۇ نەپەس ئالالماي، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كېتەتتى.

«ئىلگىرى، ئۆزۈمنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى بىلمەيتتىم، تاكى بىر قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى بىلدىم» دېدى دۆلەت. كېسەل ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش كوللېكتىپى دۆلەتنى ئوپېراتسىيە قىلدى، ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

جياڭسۇنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش كوللېكتىپى جاپادىن قورقماي، كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكىسى، ئىلغار ئىدىيەسىنى چېگرا رايونغا يەتكۈزۈپ، سەممىي مېھر ـ مۇھەببىتىنى قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا تەقدىم قىلدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خەلق ھاكىمىيىتىنى سادىقلىق بىلەن قوغدىغان پولاتتەك جەڭچى شۆ كېمىڭ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى خاۋ) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇباۋ ناھىيەسى چاشاڭ بازىرى شەرقىي جاڭجياگوۋ كەنتىدە، بىرقانچە تېپىك شىمالىي شەنشى غارى كۆنگەيگە قاراپ تىزىلغاندى، بۇ يەر ئۇزاق مەزگىل يوشۇرۇن ئۇرۇش سېپىدە جەڭ قىلغان، شىمالىي شەنشى سوۋېت رايونى خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغدىغان پولاتتەك جەڭچى شۆ كېمىڭنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى.



شۆ كېمىڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەمىنلىگەن)

شۆ كېمىڭ 1910 ـ يىلى تۇغۇلغان، شەنشى ۋۇباۋنىڭ جاڭجياگوۋ كەنتىدىن، ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى لاۋ فېڭ. شۆ كېمىڭنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، كىچىكىدىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1927 ـ يىلى، شۆ كېمىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، يەر ئاستى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 ـ يىلى، شۆ كېمىڭ قىزىل ئارمىيە پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ، بەنجاڭ، جۇڭدۈيجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، شىمالىي شەنشىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۆتكىلىپ ئۇرۇش قىلىپ، تايانچ بازا ئاچقان.

1935 ـ يىلى، ۋۇباۋ ناھىيەلىك سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، شۆ كېمىڭ ۋۇباۋ ناھىيەلىك قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىشچى ـ دېھقانلار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ئۇ خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ، تەدبىرلىك ئىدى.

1937 ـ يىلى، شۆ كېمىڭ شىمالىي شەنشى ئۆلكىلىك قوغداش ئىدارىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئىجرائىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، كۆزەتكۈچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1940 ـ يىلىدىن باشلاپ، شۆ كېمىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېڭشۈي ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مىجى ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، سۈيدې شۆبە رايونلۇق ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مالەن شۆبە رايونلۇق ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، يۈلىن شۆبە رايونلۇق ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان، ئۇ ئۇزاق مەزگىل كۆرۈنمەس سەپتە دۈشمەن ئىشپىيونلىرى، باندىتلار بىلەن كۈرەش قىلغان.

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۆ كېمىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چىڭخەي ئۆلكىلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي ـ قانۇن پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشقان.

شۆ كېمىڭ بىر ئۆمۈر پارتىيەگە سادىق بولغان، قوغداش ئىشلىرىغا سادىق بولغان، ئۇ قوراللىق دۈشمەنلەر، يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەن ئىشپىيونلىرى، خائىنلار، باندىتلار ئالدىدا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن، باتۇر، كەسكىن بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان، ئۇ تۈز، ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشى بولۇپ، ھەممە ئىشتا ئومۇمىي چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان.

1965 ـ يىلى، شۆ كېمىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 55 ياشتا ئىدى.

2000 ـ يىلى، ۋۇباۋ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت شۆ كېمىڭنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ۋۇباۋ ناھىيەسى سۇڭجياچۇەن بازىرى شەرقىي خۇاڭخې كۆۋرۈكى يېنىدىكى ۋۇباۋ ئىنقىلابىي قۇربانلار ئابىدەسى تۆپە ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئابىدە تىكلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەر ۋۇباۋ ناھىيەسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسىغا ئايلىنىپ، خۇاڭخې دەرياسى قىرغىقىدا كىشىلەرگە ئاشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللارنى بايان قىلىپ بەرمەكتە.

# شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى. شۇ يىلى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار نامرات ناھىيەلەردىكى ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 3 ـ دەرىجىلىك 43 دوختۇرخانا شىنجاڭدىكى 32 نامرات ناھىيەدىكى ناھىيە دەرىجىلىك 37 دوختۇرخانا بىلەن نىشانلىق ياردەم بېرىش، يۆلەش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۆمەك تەشكىللەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بىلەن شۇ جايدىكى داۋالاش خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ياردەم بېرىلگەن سەككىز دوختۇرخانىنىڭ ھەممىسى 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولدى، نۆۋەتتە 332 خىل جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەل ئاپتونوم رايونىمىزدىلا، 1914 خىل ئېغىر كېسەل ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىلا ئۈنۈملۈك داۋالىنىدىغان بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر مۇتەللىپ روزى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: 2016 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جەمئىي 4 مىليارد 68 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 53 مىليون 830 مىڭ ئادەم قېتىم سالامەتلىك تەكشۈرۈلۈپ، نوپۇستىكى ئاھالىلەرنى تولۇق قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە «دائىملاشتۇرۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ دىققەت «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى «ئۈچ بىر تۈركۈم» ھەرىكەت پىلانى (چوڭ كېسەللەرنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، سوزۇلما كېسەللەرگە كېلىشىم تۈزۈپ مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى باشقۇرۇش، ئېغىر كېسەللەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى كاپالەتلەندۈرۈش)نى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كېسەللىكچە نەقلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى؛ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان يەتتە ئۆلكە، شەھەردىكى 62 دوختۇرخانا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 506 نەپەر داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كادىر ـ ئىختىساسلىقلىرىنى شىنجاڭغا كىرىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى، ھەرقايسى نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان دوختۇرخانىلارنىڭ جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى 94.3%كە كۆتۈرۈلدى، يۆتكەپ داۋالاش نىسبىتى 3.39%كە تۆۋەنلىدى، ئۆلۈش نىسبىتى 0.42%كە تۆۋەنلىدى، 1470تىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈر يولغا قويۇلۇپ، شۇ جايدىكى 523 تۈرلۈك بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئىگىلىنىشچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشقان. ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمۈر ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 30 ياشقىمۇ يەتمەسلىكتىن 72 ياشقا كۆتۈرۈلگەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتى بۇ يىل جەمئىي ئەمەلىيلەشتۈرگەن تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 15 مىليارد 620 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغ 13 مىليارد 229 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولدى. مەلۇم قىلىنىپ ئەنگە ئېلىنىپ يولغا قويۇلغان مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 622 بولۇپ، 608 ىدە ئىش باشلاندى، ئىش باشلىنىش نىسبىتى 97.75% بولدى. سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليارد 881 مىليون 881 مىڭ 600 يۈەن (شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى 721 مىليون 590 مىڭ 700 يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، چىقىم قىلىنغىنى 9 مىليارد 617 مىليون 54 مىڭ 200 يۈەن (شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن چىقىم قىلىنغان 641 مىليون 600 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مەبلەغ چىقىم قىلىش نىسبىتى 74.66% بولدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈر قۇرۇلۇشى، مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىش سۈرئىتىنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولۇشى قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇش ـ تەھلىل قىلىش سۇپىسىنىڭ قوللىنىلغانلىقىدىن بولدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى مۈشكۈل. بۇ يىل، قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى ناھىيە دەرىجىلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يىرىك پىلانى ۋە تۈر ئامبىرىنى ئاساس قىلىپ، خامچوت كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ۋە دۆلەت خەزىنىسىدىن مەركەزلىك چىقىم قىلىش سىستېمىسىغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئۈچ تۈر سىستېمىسى بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇش ـ تەھلىل قىلىش سۇپىسىنى قۇردى. بۇ سۇپا ئارقىلىق، خامچوت ئىجراسىغا قارىتا ئىشتىن بۇرۇنقى، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ، «مەبلەغنىڭ تۈرگە ئەگىشىپ مېڭىشى، تۈرنىڭ سىياسەتكە ئەگىشىپ مېڭىشى»نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«ئىلگىرى، بىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىمىزنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ قايسى نامراتلارنى يۆلەش تۈرىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر جەملەش ماتېرىيالىنى يوللىغاندىن كېيىن ئاندىن بىلگىلى بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر ناھىيە، شەھەر، ھەربىر تۈرلۈك مەبلەغ، ھەربىر نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ۋاڭ شاۋخۇا.

يېزىلىق مالىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرىنىڭ يۈكىمۇ يېنىكلىدى. «ئىلگىرى، شۇ كۈنلۈك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ چىقىم قىلىنىش نىسبىتىنى ئىستاتىستىكا قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بىز ئاندىن يىغىپ بولالايتتۇق. ھازىر، بۇ خىزمەتنى ھەر ۋاقىت ئىشلىگىلى بولىدۇ» دېدى يەكەن ناھىيەسى چارباغ يېزىلىق مالىيە ئورنىنىڭ باشلىقى چېن جۇنخۇڭ.

بارلىق مالىيەلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى جەھەتتىكى دائىملىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى سىستېمىدىن پايدىلىنىپ توردىن ھەر ۋاقىت ئالغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلام نامراتلارنى يۆلەش مالىيە كادىرلىرىنىڭ جەدۋەللەرنى قايتا ـ قايتا تولدۇرۇش، سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق تەكرار خىزمەتلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى.

«بىز باشقا مالىيە مەبلەغلىرىنى يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇش ـ تەھلىل قىلىش سۇپىسىغا تولۇق ئۆلچەمدە كىرگۈزۈپ، مالىيە مەبلىغىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيە مەبلىغىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ مالىيە باشقۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، مالىيە مەبلىغىدىن ئۆلچەملىك، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدۇق» دېدى ۋاڭ شاۋخۇا.

# يول مەمۇرىيىتى، قاتناش ساقچىلىرىنىڭ بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىشى يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسى چەكتىن، نورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتلىرىدا ھەربىيلەشكەن باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ كىيىنىشى، قائىدە ـ يوسۇنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغاندا مەدەنىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، قېلىپلاشقان قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپى، مەدەنىي، ئەدەپلىك سۆز ئىشلىتىش، قاتناۋاتقان شوپۇرلارغا خۇددى دۇ جياڭبو ھېس قىلغانغا ئوخشاش قانۇن ئىجرا قىلىش يېڭى ئىستىلىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسى ئامما ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزى تېپىشقا ئاساسلىنىپ، يۈك توشۇش ئاپتوموبىللىرىنىڭ چەكتىن، نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىشقا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلماسلىق، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، ئاپتوموبىللارنى قالايمىقان تۇتۇپ قېلىش، يەڭ سودىسى، ھوقۇق ئىجارىكەشلىكى قىلىشنى چۆرىدەپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى.

مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسىدە يېڭى قانۇن ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى — يول مەمۇرىيىتى بىلەن قاتناش ساقچى تارماقلىرى يولدا بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. «تاشيول تارماقلىرى يۈك چۈشۈرۈشنى نازارەت قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈگەتتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ساقچى تارماقلىرى قانۇن بويىچە جەرىمانە قويۇپ، نومۇر تارتىپ، ئادىل، ھەققانىي بولۇشنى ئەڭ زور چەكتە ئىشقا ئاشۇردى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يول مەمۇرىيىتى ـ دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى رازىيە قاباس.

2017 ـ يىلدىن بۇيانقى ئاپتوموبىللارنىڭ چەكتىن، نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىشنى تۈزەش قانۇن ئىجرا قىلىش دېلولىرى ۋە قېلىپلاشمىغان قانۇن ئىجرا قىلىش مەسىلىلىرىنىڭ يىپ ئۇچلىرىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى «قايتا قاراپ چىقىش» ئېلىپ بېرىپ، چەكتىن، نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىشقا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان ئۈچ چوڭ تۈردىكى 161 مەسىلە يىپ ئۇچىنى رەتلەپ چىقىپ، بەزى يول مەمۇرىيىتى خادىملىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشى قېلىپلاشمىغانلىق، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، ئاپتوموبىللارنى قالايمىقان تۇتۇپ قېلىش، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، 11 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بەردى.

پاش قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسى 12328 قاتناش ـ ترانسپورت مۇلازىمىتى نازارەتچىلىكى تېلېفونىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشكە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئەرز، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى تۈرگە ئايرىپ، مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەلىك باشقارما، بۆلۈملەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايتما ئىنكاس قىلىپ، قوبۇل قىلغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ھەم قايتا ئەھۋال ئۇقتۇرۇشنىڭ 100%كە يېتىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)